## 26962 ـ ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇنىڭ ئۆزۈكىنى ئېلىپ يۈتتۈرۈۋەتكەنلىك توغرىسىدا.

### سۇئال

بىر كۈنى ئانامنىڭ خەۋىرى يوق ئۇنىڭ ئۆزۈكىنى ئالدىم، ئاندىن يوقۇتۇپ قويدۇم، ئانام ئۆزۈكىنى ئىزدىدى ئەمما مەن ئۇنىڭغا مېنىڭ ئېلىپ يوقۇتۇپ قويغانلىقىمنى دېمىدىم، مەن شۇ ۋاقىتتا ئون ئىككى ياشلاردا ئىدىم، هازىر شۇ قىلمىشىمغا قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، خاتالىقىمغا كاپارەت بېرىشنى خالايمەن، مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟. بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

سىز ئانىڭىزنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆزۈكىنى ئېلىپ، يوقاپ كەتكەندىن كېيىن خەۋەر بەرمەي خاتا ئىش قىپسىز، سىز هازىر بولسىمۇ بۇ ئىشتىن ئاپىڭىزنى خەۋەردار قىلىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراڭ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئۆزۈك ئېلىپ بېرىڭ، چۈنكى باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى رۇخسەتسىز ئېلىش توغرا بولمايدۇ، ئالغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىش كېرەك، بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن قىلىنغان خاتالىقلارغا گۇناھ بولمىسىمۇ، لېكىن تۆلەپ بېرىش كېرەك بولىدۇ، ئالىملارنىڭ قارشىدا كىچىك بالا بىرسىنىڭ نەرسىسىنى ئېلىپ بۇزىۋەتكەن بولسا، ئۇنى تۆلەيدۇ، ئەگەر ئالغان نەرسە تولۇق بولمىسا ئۇنىڭ كەملەپ كەتكەن قىسمىنى تۆلەيدۇ، ئەگەر بۇ ئىشنى ئاپىڭىزغا ئوچۇق بايان قىلسىڭىز، ئارىڭىزدا سوغۇقچىلىق ۋە ئانا ـ بالىلىق مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىدىغان بولسا، كۆرۈنۈشتە هەدىيە ـ سوغات بەرگەن شەكىلدە باشقا بىر ئۆزۈك ئېلىپ بەرسىڭىز بولىدۇ.

هەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.